مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

چىغناق - تاغاق يېزىقىنىڭ تارىخىي ئەدىيەسى ۋە مەدەنىيەت قىممىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

چىغناق - تاغاق يېزىقى بايقالغانلىقىنىڭ 120 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ تەبرىك خېتى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى سۇن چۇنلەن يىغىندا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: چىغناق - تاغاق يېزىقى نەچچە مىڭ يىللىق جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ روشەن بەلگىسى، شۇنداقلا ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىگە قوشۇلغان مۇھىم تۆھپە. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى ۋە تەبرىك خېتىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، چىغناق - تاغاق يېزىقى تەتقىقاتى ۋە قوللىنىشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يىغىپ ساقلاش، قوغداشنى كۈچەيتىپ، رەتلەش ۋە ئۇچۇر ئىزاھاتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. خاتىرىلەش - تەكشۈرۈپ چۈشەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈش قاتارلىق تېخنىكا ۋاستىلىرىدىن ئۈنىۋېرسال پايدىلىنىپ، تەتقىقاتتا يېڭى بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. چىغناق - تاغاق ئىلمى ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كۆپ پەنلەرنىڭ گىرەلىشىپ يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۈنىۋېرسال ساپا ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاكتىپلاشتۇرۇپ پايدىلىنىشنى ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، خەلقئارا ئالماشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، چىغناق - تاغاق يېزىقىنىڭ مەدەنىيەت سېھرىي كۈچى ۋە دەۋر قىممىتىنى نامايان قىلىش كېرەك.

ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللىرى ۋە مائارىپ مىنىستىرلىقى، خېبەن ئۆلكىسىدىكى مەسئۇل يولداشلار سۆھبەت يىغىنىدا سۆز قىلدى.

1899 - يىلى چىغناق - تاغاق يېزىقىنىڭ بايقىلىشى جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى، ھەتتا ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى تەرەققىيات تارىخىدىكى بىر چوڭ ئىش. چىغناق - تاغاق يېزىقى خەنزۇچە خەتنىڭ مەنبەسى، نەچچە مىڭ يىللىق جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، يۈكسەك سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە. دۇنيادىكى تۆت چوڭ قەدىمكى يېزىقنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، چىغناق - تاغاق يېزىقىمۇ دۇنيا مەدەنىيلىكىنىڭ ئىلگىرىلەش مۇساپىسىگە تۈرتكە بولۇشقا غايەت زور تۆھپە قوشۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ «دۇنيا ئەستە ساقلاش كاتولوگى»غا مۇۋەپپەقىيەتلىك تاللاندى.

تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ھەقىقىي تۈردە ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئېففېكتىگە ئايلاندۇرىمىز

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى(مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) پارتىيە تارىخى، پارتىيە قۇرۇلۇشى ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دوتسېنت ۋاڭ پېڭنىڭ قارىشىچە، بىر دۆلەتنىڭ تۈزۈمى ۋە ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئىلغار ياكى ئىلغار ئەمەسلىكىنى ئۆلچەشتە ئاچقۇچ ئۇنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىغا، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن - ئېرىشمىگەنلىكىگە، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولغان - بولمىغانلىقىغا قاراشتا ئىكەن. ئۇ مۇنداق دېدى: بىز قولغا كەلتۈرگەن شانلىق تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەر شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى روشەن تۈزۈم ئەۋزەللىكى ۋە تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىنىڭ تۈپ تۈزۈم كاپالىتى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈزلۈكسىز تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقىشىنى مۇقەررەر ئالغا سىلجىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە داۋاملىق تۈرتكە بولۇپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

■ «يول خەرىتىسى» ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش تۈزۈم سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق 13 جەھەتتىن نۇرغۇن يېڭى تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى قىلىندى. كۆپچىلىك مۇنداق قارىدى: بۇ، پارتىيەمىزنىڭ ئىلغار ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسى، يۈكسەك تۈزۈم ئىشەنچىنى تولۇق نامايان قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى سىياسەت، قانۇن - نىزام تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى شۇ جيۇۋېي مۇنۇلارنى بىلدۈردى: پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى سىياسىي ئورگان بولۇش سۈپىتى بىلەن، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى بىر قاتار تۈزۈملەرنى قەتئىي ئىجرا قىلغۇچى، تېخىمۇ مۇھىمى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ قەتئىي قوغدىغۇچىسى، نازارەتچىسى. شۇڭا، نازارەت قىلىش، ئىنتىزام ئىجراسى، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، پارتىيەنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئاڭلىق ھالدا تۈزۈمگە ھۆرمەت قىلىشى، تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى، تۈزۈمنى قەتئىي قوغدىشىنى نازارەت قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك.

«پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەن بۇرچۇمنىڭ شەرەپلىك، مەسئۇلىيىتىمنىڭ مۇھىم، زورلۇقىنى ھېس قىلدىم.» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى جۈەن مۇنداق دېدى: خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇشىدىكى مۇھىم يولى ۋە ئەڭ يۈكسەك ئىشقا ئاشۇرۇلۇش شەكلى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىغا تىرەك بولىدىغان تۈپ سىياسىي تۈزۈم. خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش خەلق قۇرۇلتىيى ئارقىلىق دۆلەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتۇر. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تەلىپى بويىچە، ھەربىر پارتىيە ئەزاسى، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىر ھەقىقىي تۈردە تۈزۈم ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزۈمنىڭ نوپۇزىنى باشلامچىلىق بىلەن قوغداپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنى تۈزۈمگە ئاڭلىق ھۆرمەت قىلىش، تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، تۈزۈمنى قەتئىي قوغداشقا يېتەكلەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك يەرلىك نىزام چىقىرىش ئارقىلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ رۇڭ مۇنداق بىلدۈردى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى تۈزۈمى مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى يولغا قويۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم ئۈنۈملۈك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇللارنى يەرلىك نىزامغا ئايلاندۇرۇپ قانۇن - تۈزۈملەشتۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، تۈزۈملەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. «ئومۇمىي يىغىندا تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولغان ئىلگىرى سۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ، بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمىتىمىزگە يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى. بىز ئومۇمىي يىغىننىڭ روھى ئارقىلىق خىزمەت ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇقىملىقىنى ئۆستۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئەمگەك ئارقىلىق تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك».

■ ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولىمىز

ئاساسىي قاتلام جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، ئامما ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇپ، «جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى»نىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئېچىش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

چاقىلىق ناھىيەسى ئۈتام يېزىلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، يېزا باشلىقى قەيسەر قۇربان مۇنداق دېدى: «يېزا - بازار ئاممىغا بىۋاسىتە مۇلازىمەت قىلىدىغان ئالدىنقى سەپ بازىسى، كېيىنكى خىزمەتلەردە، بىز ئومۇمىي يىغىننىڭ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم - كوتىسىز ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆزىمىز ئۈلگە بولۇپ، تۈزۈمنى باشلامچىلىق بىلەن قاتتىق ئىجرا قىلىپ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، كۈچەپ سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىمىز. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، يېزا - كەنت ئېكولوگىيە ساياھىتى، چىلانچىلىق كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەپ، ئۇلنى پۇختىلاپ، ئەۋزەللىكلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، ئاممىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرىمىز».

بورتالا شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى 1 - تەپتىش بۆلۈمىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى گۈلجامال نۇرتاس مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوقۇم ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، «قانۇنچىللىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسىي شەكلى» دېگەننى پۇختا ئىگىلەپ، ۋەزىپىنى ياخشى ئادا قىلىش، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق، ياخشى ئادا قىلىش، قانۇننىڭ تۆۋەن چېكى، ئىنتىزامنىڭ قىزىل سىزىقىنى ساقلاش كېرەك. «بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە مەن تەپتىشلىك فۇنكسىيەسىنى تولۇق ئادا قىلىپ، قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ ‹قانۇنچىللىقنى مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈش›نى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ھەقىقىي قوغداپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرىمەن».

ئومۇمىي يىغىندا خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرۇش، ئورتاق بېيىش يولىدا مېڭىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى جاۋبىسەن يېزىسى پىڭدىڭسەن كەنتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جېڭ ۋېنجيې مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئاساسىي قاتلامنىڭ خىزمىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ، قارىماققا «ئەرزىمەس ئىشلار»دەك كۆرۈنگەن كىچىك ئىشلار كۆپ ھاللاردا ئاممىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلاردۇر. «ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى ئىشلەشتە، چوقۇم ئاممىنى كۆڭۈلگە پۈكۈش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىنى ئەڭ ئاساسىي قاتلامغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىنى بەخت - سائادەتتىن بەھرىلەندۈرگىلى، ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ».

(مۇخبىرلىرىمىز شى شىن، فەن خۇگېي، لياڭ لىنخۇا، يۈەن لېي، لى چۈنشيا، دۇ جيەنخۇي، سۇڭ ياۋبىن يازغان)

(بېشى 1 - بەتتە)

«نىمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش، نېمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش» كېرەكلىكىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم، زور سىياسىي مەسىلىگە ئومۇميۈزلۈك جاۋاب بېرىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن تىرىشىش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، بىزنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىشىشىغا تۈرتكە بولۇشىمىز ئۈچۈن ۋاقىت جەدۋىلى، يول خەرىتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

تۈزۈم مەسىلىسى تېخىمۇ تۈپ خاراكتېرلىككە، پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىككە، مۇقىم خاراكتېرلىككە ۋە ئۇزاق مۇددەتلىكلىككە ئىگە. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ پەيدىنپەي چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، پارتىيەمىزنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا بولغان تونۇشى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى. پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيى، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى، پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى، پارتىيە 17 - قۇرۇلتىيىنىڭ ھەممىسىدە تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا قارىتا ئېنىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى كۈندىن - كۈنگە پىشىپ يېتىلدۈرۈپ، تۇراقلاشتۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ياساشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن مۇھىم، زور رولىنى جارى قىلدۇردى. پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا دۆلىتىمىزنى باي - قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي، ئىناق، گۈزەل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۈزۈم قۇرۇلۇشى بىلەن ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنىڭ نىشانى: 2035 - يىلىغا بارغاندا، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش؛ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش مەسىلىسىنىڭ مەخسۇس تېمىدا تەتقىق قىلىنىشىدا، دەل بۇنىڭ «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم، زور ۋەزىپە ئىكەنلىكى ئويلىشىلغان، بۇنىڭغا قارىتا سىستېمىلىق خۇلاسىلەش ئېلىپ بېرىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ مۇكەممەللەشتۈرۈلىدىغان ۋە راۋاجلاندۇرۇلىدىغان ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى ۋە خىزمەت تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇش زۆرۈر.

پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ باش نىشانى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا، يېڭى دەۋردىكى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش نۇرغۇن يېڭى ماھىيەتلىك مەزمۇن ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر نۇقتا شۇكى، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى تېخىمۇ ئېغىرلىدى. ئىسلاھاتنىڭ تېخىمۇ كۆپ دۇچ كېلىدىغىنى چوڭقۇر قاتلاملىق تۈزۈلمە - مېخانىزم مەسىلىسى، ئىسلاھاتنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشكە قويۇلغان تەلەپ تېخىمۇ يۇقىرى، ئىسلاھاتنىڭ سىستېمىلىقلىقى، پۈتۈن گەۋدىلىكلىكى، ماسلىشىشچانلىقىغا قويۇلىدىغان تەلەپ تېخىمۇ كۈچلۈك، مۇناسىپ قائىدە - تۈزۈم ئورنىتىش، سىستېما بەرپا قىلىش ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىر. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش مەسىلىسىنىڭ مەخسۇس تېمىدا تەتقىق قىلىنىشىدا دەل بۇنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا ئىلگىرىلىتىشتىكى تۈپ تەلەپ ئىكەنلىكى ئويلىشىلغان. يېڭى دەۋردە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى پىلانلاشتا جەزمەن بۇنى ئاساسىي ئوق قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات تەلىپى ۋە دەۋر ئېقىمىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈلمە - مېخانىزم ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش زۆرۈر.

«دۆلەت ۋەزىيىتى گۈللەنمىسە خارابلىشىدۇ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ئىلگىرىلەش بولمىسا چېكىنىدۇ.» بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ، خەلقئارا ۋەزىيەت مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان، پارتىيەمىز يۈزلىنىۋاتقان ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى مۇشكۈل، مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان، دۇچ كېلىۋاتقان خەۋپ - خەتەر، خىرىسلار جىددىي، مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش خەۋپ - خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش، تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى. بىز ئېغىر، زور خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتا جەزمەن تۈزۈم كۈچ - قۇدرىتىدىن پايدىلىنىپ خەۋپ - خەتەر، خىرىسنىڭ زەربىسىگە تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك. بىز دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىپ، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەت ئۆزگىرىشىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئۇلۇغ كۈرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان يېڭى ئارزۇسىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، جەزمەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش جەھەتتە تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىشىمىز كېرەك.

«جۇڭگونىڭ تۈنۈگۈنى ئىنسانىيەتنىڭ تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلدى، جۇڭگونىڭ بۈگۈنى يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ قولىدا يارىتىلماقتا، جۇڭگونىڭ ئەتىسى جەزمەن تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.» پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش ئومۇمىي نىشانغا قاراپ تىرىشىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئىرادىنى ساقلاپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتساقلا، بىز چوقۇم تۈزۈملەرنى تېخىمۇ پىشىپ يېتىلدۈرەلەيمىز، تېخىمۇ تۇراقلاشتۇرالايمىز، تەرەققىياتنى تېخىمۇ سۈپەتلىك قىلالايمىز، ئىدارە قىلىشنى تېخىمۇ سەمەرىلىك قىلالايمىز، خەلقنى تېخىمۇ ئېرىشىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلالايمىز.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى)